# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
10
جۈمە
维吾尔文 1 月10日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24936 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئۇكرائىنا يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇكرائىنا زۇڭتۇڭى زېلېنسكىي، ئىران زۇڭتۇڭى روھانىيغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۇكرائىنا يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ تېھراندا چۈشۈپ كەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇكرائىنا زۇڭتۇڭى زېلېنسكىي، ئىران زۇڭتۇڭى روھانىيغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: ئۇكرائىنانىڭ بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ تېھراندا چۈشۈپ كېتىپ، بارلىق يولۇچى ۋە ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈدۈم، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن ھەرقايسى دۆلەت تالاپەتكە ئۇچرىغۇچىلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، تالاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن.

# يېڭىلىق يارىتىش، گۈللىنىش مۇساپىسىدە

## — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى چېن فاك، دۇڭ رۇيفېڭ، شى يۈسېن، خۇ جې**

بىپايان تارىخ ئېقىنىدا، يېڭىلىق يارىتىش مەدەنىيلىكنىڭ ئىلگىرىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

قەدىمىي شەرقتىكى مىللەت يۈز يىللىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ھالقىپ ئۆتكەندە، پەن - تېخنىكا بارغانسېرى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى ئەڭ جانلىق ئامىلغا ئايلاندى. يېڭىلىق يارىتىشنى قانداق قىلىپ بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىنىڭ تۈگمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش جەزمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك دەۋر تېمىسى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، «يېڭىلىق يارىتىشنى جەزمەن تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىش كېرەك» دېگەن مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تالالاشنى چىقىرىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىپ، دۇنياۋى پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش بۇرغىسىنى ياڭراتتى.

بۇ بىر غايەت زور ئۆزگىرىش «ئۇرۇق» بولۇپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە ئۈزلۈكسىز «ئۆسۈپ يېتىلۋاتىدۇ».

«چاڭئې»نىڭ ئاينى تەكشۈرۈشىدىن «چاڭجېڭ 5 - نومۇر»نىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگىچە، «جياۋلۇڭ»نىڭ دېڭىزغا شۇڭغۇشىدىن ئاۋىياماتكىنىڭ سەپكە كىرگۈزۈلۈشىگىچە... جۇڭگو بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىش مۆۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى، يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكىدە ئۆتكۈر پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى تىكلىدى.

«شامالدا پەرۋاز قىلىپ، ئۆرلىدىم تۈمەن چاقىرىملىق بوشلۇققا، نەزەر سالدىم ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا.» ھاياتىي كۈچ ۋە ئۈمىدكە تولغان جۇڭگو، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق جاكارلىدى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى بىزنىڭ كۆرىشىمىز داۋامىدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ!

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى پۈتۈن پارتىيەنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى يېپىلدى

## چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۆكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى نۇرلان ئەبىلمەجىن رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى ياك، ۋاڭ شىگرۇي، ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلدۇ: سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى تۈرلۈك قارالمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۆكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىنشەن، جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىگلۇڭ، دوۋ ۋەنگۇي، چيۇ شۇخۇا، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.




1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى. سۈرەتتە يىغىن نەق مەيدانى. ☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى رۇي فوتوسى

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يېپىلىش يىغىنى باشلاندى. نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنداق جاكارلىدى: سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئەزا 513، ئەمەلىي قاتناشقان ئەزا 462، بەلگىلىمىدىكى ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياستى 3 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ شىگرۇي، جاۋ جيۈن، ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياستى 3 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى 11 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى

### 415 پارچە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر تاپشۇرۇۋالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ بېكىتىشى بىلەن، يىغىن 11 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن تاپشۇرۇۋالغان تەكلىپلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى:

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## ئەسلىي مەقسەت ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇش، بۇرچ زىممىدە بولۇشى باشتىن - ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

2 - بەتتە

### باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

# يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىمىز

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: «پۈتۈن پارتىيە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيەت بولۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى بىرلىكى، سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى، ھەرىكەت جەھەتتىكى بىردەكلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. چوقۇم ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېلان قىلغان 2020 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ۋە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېلان قىلغان 2020 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىنىڭ باش تېما تەربىيەسىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى مەزمۇنلۇق، ئىدىيەسى چوڭقۇر بولۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجە - ئۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەجرىبىسىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئۇنتۇماسلىقىغا سىجىل تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىنتايىن كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە، يېتەكلەشچانلىققا ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەمىزنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئەسلىي مەقسەتنىڭ ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇشى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)